





# پەلەك يولى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دۇنيانىڭ ئۆگزىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ۋەتىنىنىڭ ئىللىقلىقىنى ئېگىزلىكتىكى چېگرا رايونغا يەتكۈزىدىغان «پەلەك يولى» ــ چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىدا ئاخىرى ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى، بۇ، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈرىدىغان، دۇنيا ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئۇلۇغ ئىش.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىنى قۇرۇش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىلا، پارتىيە ۋە دۆلەت شىزاڭغا كىرىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۈچەپ تەتقىق قىلغان ھەم 1958 ـ يىلى چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنىڭدىن گولمۇدقىچە بولغان بۆلىكى(يەنى شىنىڭ ـ گولمۇد بۆلىكى)نى ياساش قارارىنى چىقارغان. 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلاش، 1960 ـ يىلى قۇرۇلۇشنى توختىتىپ ياساشنى كېچىكتۈرۈش، 1974 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ قايتا ياساش ئارقىلىق، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە، چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولى شىنىڭ ـ گولمۇد بۆلىكىنىڭ 814 كىلومېتىرى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان.

يېڭى ئەسىرگە كىرگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىنىڭ گولمۇدتىن لاساغىچە بولغان بۆلىكىنى ياساشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور قارار چىقىرىپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئېگىزلىك تۆمۈر يولى ياساش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ دەلىللىشى ۋە تولۇق تەييارلىق قىلىشى ئارقىلىق، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىدا رەسمىي قۇرۇلۇش باشلاندى.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولى دۇنيادىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، لىنىيەسى ئەڭ ئۇزۇن ئېگىزلىك تۆمۈر يولى بولۇپ، لىنىيە بويى ئېگىز ھەم سوغۇق، ئوكسىگېن يېتىشمەيدىغان، گېئولوگىيەسى مۇرەككەپ، توڭ تۇپراق كەڭ تارقالغان بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. جۇڭگونىڭ قۇرغۇچىلىرى نەچچە يىل جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇن ئاز كۆرۈلىدىغان پەن ـ تېخنىكا قىيىن مەسىلىلىرىدە بۆسۈش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى دۇنيا ئۆگزىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان «پەلەك يولى»نى ياساپ چىقتى. تۆمۈر يول ئومۇمىي لىنىيەسىدە جەمئىي يول ئۇلى تاش ـ تۇپا كۇب مېتىرى 78 مىليون 530 مىڭ كۇب مېتىر تاماملاندى، 675 كۆۋرۈك ياسىلىپ، ئۇزارتىلغان ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 160 مىڭ مېتىرغا يېقىن بولدى. سۇڭگۈچتىن 2050ى ياسىلىپ، كەسمە يۈزىنىڭ ئۇزارتىلغان ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 37 مىڭ 662 مېتىر بولدى؛ تونېلدىن يەتتىسى ياسىلىپ، ئۇزارتىلغان ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 9074 مېتىر بولدى. 2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، چىڭخەينىڭ شىنىڭدىن شىزاڭنىڭ لاساغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1956 كىلومېتىر كېلىدىغان چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىدا ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇشى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچەيتىش، چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولى لىنىيەسى بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كەڭ ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسەتتى.

# رازىلە كەنتتىكى ئەڭ ئالدىراش ئادەم بولۇپ قالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رازىلە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىدى، كەنت ئاھالىلىرى قانداق رەسمىيەتلەرنى تەمىنلەشى كېرەكلىكىنى، مەزمۇننى قانداق تولدۇرۇشى، قانداق جەدۋەل ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئەستە چىڭ ساقلىۋالدى.

نۇرغۇن ياش قىزلارغا ئوخشاش، رازىلە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر ئىدى، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن بولۇپ، ئۇسسۇلنى يېنىك ۋە نەپىس ئوينايتتى. شۇنداق قىلىپ خىزمەتتىن سىرت، رازىلەنىڭ يەنە بىر «ئىشى» كۆپەيدى، كەنتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئەترىتىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئىشلەپ بېرەتتى، ئويۇن قويغاندا ئۇ يەنە رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

«رازىلە ئۇسسۇلنى بەك پەيزى ئوينايدۇ، پەقەت ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان ئويۇن بولسىلا، مەيدان ھەمىشە ئالقىشقا تولىدۇ.» خىزمەتدىشى ئارزۇگۈل ئەمەرنىڭ دېيىشىچە، رازىلە ئۇلارغا ئۇسسۇلنى قولمۇقول ئۆگىتىدىكەن. «بېشىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈڭلار، مۈرەڭلارنى ئەركىن قويۇۋېتىڭلار، ئۇدۇلۇڭلارغا قاراڭلار، داپ ئاۋازى بويىچە دەسسەپ، رىتىمغا ئەگىشىپ مېڭىڭلار.» رازىلە ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئىشەنچكە تولغانىدى.

خىزمەتتە تىرىشچان، كىشىلەرگە قىزغىن، سەۋرچان بولغاچقا، رازىلە كەنتتە ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشتى، «مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى ياخشى كۆرىمەن، يۇرتداشلارغا ياردەم قىلالايمەن، يەنە بىلىم ۋە دوستلۇققا ئېرىشەلەيمەن.» رازىلەنىڭ دېيىشىچە، كەنت كومىتېتىدا خىزمەت قىلغاندا، دېھقانلارغا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ چۈشەنگىلى بولىدىكەن. رازىلە بۇ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولدى. «يول ياخشىلاندى، ئۆيلەر ئازادىلەشتى، كوچىلىكنىڭ ھەمياني تومپايدى» دېدى رازىلە.

ئەمەلىيەتتە، رازىلەنىڭ يۇرتىلا ئۆزگىرىپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگەرگەنىدى.

■ **يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ بۇرۇقتۇرما بولۇش**

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، رازىلە قايتا ئوقۇمىدى، تاسادىپىي پۇرسەتتە بازاردىكى بىر نەچچە قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. «ئۇلار ئەتراپتىكىلەرگە ئوخشىمايتتى، ئادەتتە خىزمەت قىلمايتتى، دائىم يۈزىنى ئورىۋالاتتى، قارا نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈرەتتى.» رازىلەنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، بۇ قىزلارنىڭ نەزەرىدە، رازىلە ئەكسىچە «بىنورمال» ئىكەن، ئۇلار رازىلەنى كۆرسۇن دەپ بىرقانچە سىن ئۇلانمىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەن.

سىنلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان مەزمۇنلار بولۇپ، يېشى كىچىك رازىلە تېزلا تەسىرگە ئۇچرىدى.

رازىلە ئۆزگەردى. ئۇ ئاشۇ قىزلارنىڭ قىياپىتىنى دوراپ يۈزىنى ئوراشقا باشلىدى، سىرتقا ئىنتايىن ئاز چىقاتتى، ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولدى. رازىلە يەنە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆزى بىلەن «بىردەك» قىلىشقا ئۇرۇندى. دادىسى ھەر كۈنى ئالدىراش خىزمەت قىلاتتى، ئۆيگە قايتىپ ئازراق ھاراق ئىچىپ ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇشنى ئويلايتتى، رازىلە بۇنىڭغا يول قويمىغانىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ قولىدىكى رومكىنى تارتىپ ئېلىپلا يەرگە ئېتىپ چېقىۋەتتى، پۈتۈن ئۆيدىكىلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ھاراق رومكىسىنى تارتىۋېلىشى ھەرگىزمۇ رازىلەنىڭ دادىسىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. «ھاراق ئىچسە، ناخشا ئېيتسا، ئۇسسۇل ئوينىسا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسا كەلگۈسىدە دوزاخقا كىرىدۇ.» رازىلەنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان. بايرامدا، ئىككى ئاچىسى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ئۆيگە كەلگەندە، رازىلە بېشىنى بۇراپ كېتىپ قالغان، ئۇلار بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىغان، ئۇلارنىڭ ئۆيدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىغا تېخىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. تەستە جەم بولغان كۈندە، بۇ ئائىلە سوغۇقچىلىققا تولغان.

ئۆي ئىچى بارغانسېرى بۇرۇقتۇرما كەيپىياتقا تولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئەڭ كىچىك قىزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. رازىلە نېمە ئۈچۈن «ئاشۇ گەپلەر»گە ئىشەنسە تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى بۇرۇقتۇرملىق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇددى غايەت زور تاش بېسىۋالغاندەك بولۇپ نەپەسى بوغۇلغاندەك بولاتتى.

ئەڭ ئاخىرى، رازىلە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەنت كومىتېتىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، كەنت كومىتېتىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن، رازىلە چىرا ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە باردى.

■ **چېھرىگە قايتىدىن كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئۈمىدكە تولۇش**

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، رازىلە ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. «بەزىدە ئاشقازىنىم ئاغرىپ بىئارام بولغاندا، ئۇلار تاماقنى ياتىقىمغا ئەكېلىپ بېرىپ، مەن بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يېدى.» رازىلەنىڭ دېيىشىچە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىكى بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشىنىڭ مەنبەسىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيادىكەشلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. «مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ ئاشۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە قايمۇقۇپ كەتمەيمەن» دېدى رازىلە كەسكىنلىك بىلەن.

ئوقۇتقۇچىلار رازىلەنىڭ ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى.

مۇزىكا ياڭرىشى بىلەن، رازىلە داپ رىتىمغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، بىر خىل ئىللىق ھەم تونۇش بولغان سېزىم پۈتۈن تېنىدە تارالدى.

«مەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپلا قالماستىن، يەنە تېخى رىياسەتچىمۇ بولدۇم.» رازىلە ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇ ئەسلىدىكى ئۆزىنى تاپقانلىقىنى ئېيتتى.

رازىلەنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاتا ـ ئانىسى كۆردى. «بالامنىڭ چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولۇشقا باشلىدى، گېپى جىقلىدى، ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ قالدى، ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا، بىزگە مەكتەپتىكى يېڭى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى.» ئاپىسى تۇدىساخان ئەخمەت رازىلەنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىلغا ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەسى يۇقىرى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، رازىلەنىڭ ناھايىتى تېزلا كەنت كومىتېتىدا خىزمىتى بار بولدى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى خىزمىتى ئىدى. «مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشىغاندىن باشقا يەنە، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن.» رازىلە ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى.

ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، رازىلە نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىگە قايتىپ، كۆڭۈل قويۇپ كېسەلچان ئاپىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، بىر كۈن ئىشلەپ ھېرىپ كەلگەن دادىسىغا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەتتى، ھەم ئۇستەلگە بىر رومكا مۇسەللەس قويۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

«مەن چوڭلار مائارىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇش تارىخىمنى يۇقىرىلىتىپ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىمەن.» رازىلە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدكە تولغانىدى.

# بۇيا: مىللەتلەر خىزمىتىنى چىن دىلىمىدىن ياخشى ئىشلەيمەن

□ مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلدىم ۋە ئىپتىخارلاندىم.» 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مىللەتلەر ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بۇيا مۇخبىرغا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە ساقلاپ، شەرەپنى قەدىرلەپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋاملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتكە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشىمغا ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن.» بۇ بۇيانىڭ خىزمەت ئەقىدىسى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇيا بارلىق زېھنىنى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قويۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى، قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسى، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەشۋىق تەربىيەسىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىدى، ئالاقىدار تارماقلارغا ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ تاراتقۇلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقاتى ئاسما رەسىمى، كىتابچىسى، يانچۇق كىتابى، ئوپېتك دىسكا قاتارلىقلارنى تۈزۈپ باستۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى.

مىللىي سودا ۋە مىللىي بۇيۇملارغا مەسئۇل بولۇپ خىزمەت قىلغان ئون يىلدا، بۇيا كارخانا باشقۇرۇش ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي سودىغا بولغان سىياسەت يېتەكچىلىكى، كەسپىي تەربىيەلەش، ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي سودا سىياسىتى تەربىيەلەش كۇرسىدىن ئالتە قارار تەشكىللىدى، ئۇيۇشتۇردى ھەم قاتناشتى، مىللىي سودا كارخانىلىرى ۋەكىللىرىنى ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە كۆپ قېتىم تەشكىللەپ، بېيجىڭ، شېنجېن، شىئەن قاتارلىق جايلارنىڭ داڭلىق، ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

بۇيا نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ھەربىر ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغىنى، ھەربىر ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈرىنى نامرات يېزا ـ بازارلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېيىشىدىكى قان تومۇرىغا ئايلاندۇرۇپ، نامرات يېزا ـ بازار ۋە نامرات ئاھالىلەرنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. 2015 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۇردىن 140نى، 71 مىليون 292 مىڭ يۈەن مەبلەغنى پائال قولغا كەلتۈردى.

بۇيا 36 قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىدى، تەشكىللىدى، ئۇيۇشتۇردى، دائىم ھال سوراش پائالىيىتى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلامنى خاتىرجەم قىلىشى، ئاممىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئارقا تىرەك بولدى.

بۇيا قوشماقلاشقان تۇغقانلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇش پائالىيىتى باشلامچىلىق بىلەن پائال قانات يايدۇردى، قوشماقلاشقان تۇغقىنى بىر ئائىلىدىن ئالتە ئائىلىگە كۆپەيدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، مەخسۇس تېمىلىق ماقالە يېزىپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق تەدبىر، تەكلىپ قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشىغا سۇندى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇيا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.

# شىنجاڭنىڭ 100 خىلغا يېقىن خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە نامايان قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى ئۇنىۋېرسال مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمە رايونى، تۇرالغۇ مۇھىتى كۆرگەزمە رايونى، جۇغراپىيەلىك بەلگە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە رايونى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆرگەزمە رايونى قاتارلىق ئالتە كەسپىي كۆرگەزمە رايونىغا تەشكىللىك قاتناشتى، شىنجاڭنىڭ بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشتىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى نۇقتىلىق نامايان قىلدى، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

يەرمەنكە باشلانغان كۈنى، ئۇنىۋېرسال مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمە رايونىدا شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ كىچىكلىكتىن زورىيىش، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى سۈرەتلەر بىلەن خاتىرىلىدى. جۇغراپىيەلىك بەلگە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە رايونىدا سودىگەرلەر بىر تەرەپتىن چىلان، ھەسەل قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېتىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمى ياخشى، سۈپىتى ئەلا ئىكەن دەپ تەرىپلەشتى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ قېتىم شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى جەمئىي 30 خىلدىن ئارتۇق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى جۇغراپىيەلىك بەلگە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە رايونىدا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللەپ قاتناشتۇرغان، بۇ مەھسۇلاتلار زىديانىسىز، يېشىل، ئورگانىك ۋە جۇغراپىيەلىك بەلگىسى ئېتىراپ قىلىنغان «ئۈچ مەھسۇلات، بىر بەلگە»سى بار مەھسۇلاتلار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېسىل سۈپىتىگە ھەممىدىن بەك ۋەكىللىك قىلىدىكەن. قۇتۇبى نەسىللىك كالا فىرمىسى، ئاقسۇ خۇڭچىپو دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق دۆلەت ئىلكىدىكى ئالتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىمۇ قېتىق، شىرنىلىك ئالما قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆرگەزمە رايونىدا تونۇشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلغان.

ئىگىلىنىشىچە، يەرمەنكە مەزگىلىدە يەنە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داڭلىق ماركا قۇرۇلۇشى باشلىقلار مۇنبىرى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك داڭلىق ماركىسىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىق مەخسۇس پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، پىيالما ئانىرى، چىرا چىلىنى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)